# 22833 ـ رامىزاندا ئۇنتۇغان هالدا بىر نەرسە يەپ سالسا روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

## سۇئال

سوئال: رامىزاندا ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر

كىمكى روزىدا ئۇنۇتقان هالدا يەپ ـ ئىچىپ سالسا روزىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىردا مۇنداق دېگەن: پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق( يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سەهىھ هەدىسلىرىدە، بۇ ئايەت ئوقۇلغاندا ئاللاھ تائالا مەن شۇنداق قىلىمەن دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلغان هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر.بىرلىككە كەلگەن هەدىس.

شۇنىڭدەك ئۇنتۇپ قىلىپ رامىزاندا كۈندۈزدە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قالسىمۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ ۋە هەدىسنىڭ هۆكمى بويىۇنچە ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: كىمكى ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇ كۈننىڭ روزىسىنى قايتا تۇتۇش ۋە كاپارەت بېرىش يوق دېگەن، بۇ هەدىسنى هاكىم سەهىھ دېگەن. هەدىستىكى" ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغان بولسا" دېگەن سۆز روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۇنتۇپ قىلىپ قىلغان هەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمەت، پەزلى ۋە ئىهسانىدىن ئىبارەت، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ هەمدۇ ـ سەنا ۋە تەشەككۇرلەر ئېيتىمىز

شەيخ بىن بازنىڭ پەتىۋا توپلاملىرى4-توم 193-بەت

( ئەمما رامىزاندا ئىنسان روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان هالدا ئايالى بىرگە بولۇش كۆرەلمەيدىغان ياكى كۆرەلىسىمۇ نىسبەتنى ئىگەللىمەيدىغان ئەھۋالدۇر،چۈنكى ئەر ئۇنتۇسا ئايالى ئىسىگە سىلىشى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىشى ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ـ مۇھەررىر ـ)